# پەن - تېخنىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە باتۇرلۇق بىلەن ئۆرلەپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىن تىنچ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي چوڭ زالىغا كېلىپ، ئاي شارى ئەۋرىشكىسى ۋە ئايىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئاي شارى ئەۋرىشكىسى، قۇرۇلۇش، تېخنىكا ئايلاندۇرۇش، ئىلىم - پەن نەتىجىلىرى، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە داۋاملاشما تەرەققىيات قاتارلىق جەھەتلەردىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ پات - پات توختاپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: چاڭئې 5 - نومۇر ۋەزىپىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئايىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىدا «ئايلىنىش، قونۇش، قايتىش»تىن ئىبارەت ئۈچ قەدەم بويىچە مېڭىش پىلانىنىڭ تولۇق تاماملانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ، يېڭىچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ قولغا كەلتۈرگەن يەنە بىر مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەت، بۇ، ئالەم قاتنىشى كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش مۇساپىسىدىكى مۇھىم ئابىدە بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئالەم قاتنىشى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 17 يىلدىن بۇيان، ئايىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ تەتقىق قىلىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان بارلىق خادىملار ئارزۇغا ئىنتىلىش، دادىل ئىزدىنىش، ماسلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق يېڭىشتەك ئايىنى تەكشۈرۈش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، پەن - تېخنىكىنىڭ يېڭى يۇقىرى پەللىسىگە ئۈزلۈكسىز ئۆرلىدى، بۇ، خۇشال بولۇشقا ھەم تەرىپلەشكە تېگىشلىك بولۇپ كىشىنى سۆيۈندۈردۇ. چەكسىز ئالەم بوشلۇقى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى، ئايىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ تۆتىنچى قارارنى ياخشى يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ھەربىر قەدەمدە ئىز قالدۇرۇپ يۇلتۇزلار ئارا تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش كېرەك. يېڭىچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسى ئەۋزەللىكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش خىزمەت سالمىقىنى زورايتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، جۇڭگو ئالەم قاتنىشىنىڭ بوشلۇق ئىلمى، بوشلۇق تېخنىكىسى، بوشلۇقتىن پايدىلىنىشتا يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، جاڭ يوۋشيا، چېن شى، خۇاڭ كۈنمىڭ، ۋاڭ يۇڭ، شياۋ جيې يۇقىرىقى پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

ئايىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ھەم ئالاقىلەشكۈچىلىرى، ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار، ئالاقىدار ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى ۋەزىپىگە كاپالەتلىك قىلىش تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

ئايىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى چوڭ ۋەزىيىتىنى ئىگىلەپ چىقارغان مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر، قۇرۇلۇشتا تۈر تۇرغۇزۇلغاندىن بۇيان ئالتە قېتىملىق تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى. چاڭئې 5 - نومۇر ۋەزىپىسى دۆلىتىمىزنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، تېخنىكا ھالقىش دەرىجىسى ئەڭ زور بولغان ئالەم قاتنىشى سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، 2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تۇنجى قېتىم دۆلىتىمىزنىڭ يەر سىرتىدىكى ئاسمان جىسىملىرىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ قايتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەلگۈسىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئاي شارى ۋە سەييارىلەرنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشىغا مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا قىرغىزىستان زۇڭتۇڭى، مىسىر زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىۋاتىدۇ، بۇ، قىرغىزىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. جۇڭگو بىلەن قىرغىزىستان ئىككى دۆلەت ئەمەلىي ھەمكارلىقىنىڭ سىجىل مۇقىم تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇپ، ئىقتىساد - سودا، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇھىم، زور ھەمكارلىق تۈرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو كارخانىلىرىنى قىرغىزىستانغا بېرىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ، قىرغىزىستاننىڭ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى جۇڭگوغا ئېكسپورت قىلىشىنى قارشى ئالىدۇ. ئىككى تەرەپ خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت ھەم ئۆز رايونىنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە مۇقىملىقىنى ياخشى قوغدىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ قىرغىزىستان تەرەپنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنى قوللاپ، ۋاكسىنا قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ.

جاپاروۋ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: قىرغىزىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ قىرغىزىستاننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قىممەتلىك ياردەم بەرگەنلىكىگە ھەم قىرغىزىستان تەرەپنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشنى سەممىي قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ. جۇڭگو قىرغىزىستان تەرەپنىڭ مەڭگۈ ئىشەنچلىك ياخشى قوشنىسى، ياخشى دوستى، ياخشى ھەمراھى. قىرغىزىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ شياڭگاڭغا ئالاقىدار مەسىلە، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە، تەيۋەنگە ئالاقىدار مەسىلە قاتارلىق جۇڭگونىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەردىكى مەيدانىنى قەتئىي قوللايدۇ، بىر جۇڭگو پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ. قىرغىزىستان تەرەپ جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ قىرغىزىستانغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، تۆمۈريول قاتارلىق چوڭ تۈرلەردىكى ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇشنى خالايدۇ. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا «داۋوس قارالمىسى» سۆزلىشىش يىغىنىدا كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇش، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇس، كۆز قاراشلىرى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئالاھىدە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. قىرغىزىستان تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگو خەلقىنىڭ تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كەچتە مىسىر زۇڭتۇڭى سىسى بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مىسىر تۇنجى بولۇپ يېڭى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان ئەرەب دۆلىتى ۋە ئافرىقا دۆلىتى، جۇڭگو - مىسىر مۇناسىۋىتى جۇڭگو - ئەرەب دۆلەتلىرى، جۇڭگو - ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشىنىڭ نەمۇنىسى. جۇڭگو باشتىن - ئاخىر مىسىرنى جۇڭگونىڭ دىپلوماتىيە پۈتۈن ۋەزىيىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ كەلدى، مىسىرنىڭ ئىشەنچلىك دوستى ۋە ھەمراھى. جۇڭگو تەرەپ مىسىر تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، مۇستەقىللىقى، زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ، مىسىر خەلقىنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىدا مېڭىشىنى قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپ مىسىر تەرەپ بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى مۇستەھكەملەپ، قەتئىي ئۆزئارا قوللاپ، خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدىكى ماسلىشىش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ئورتاق قوغداشنى خالايدۇ. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن مىسىر بىر - بىرىنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جىددىي ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەپ، چىن مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئېغىر كۈنلەردە بىلىنىدىغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. جۇڭگو تەرەپ مىسىر تەرەپ بىلەن ۋاكسىنا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللاپ، ئىنسانىيەت سەھىيە - ساغلاملىقى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن مىسىرنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقى يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى يېڭىپ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلىدى، مۇھىم، زور ھەمكارلىق تۈرلىرى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلدى، قانۇن ئىجرا قىلىش خەۋپسىزلىكى، ئالەم قاتنىشى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقتا پائال ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. جۇڭگو بىلەن مىسىر تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قول تۇتۇشۇپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ مىسىرغا بېرىپ مەبلەغ سېلىشىنى قوللايدۇ، مىسىر تەرەپ بىلەن ئۈل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، پەن - تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، جۇڭگو - مىسىر ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

سىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. سىسى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل مىسىر بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 65 يىللىقى. مىسىر بىلەن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى چوڭقۇر، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى مۇستەھكەم، دوستانە بولۇپ، خەلقئارا ئىشلاردا زىچ ھەمكارلىشىپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. مىسىر تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ شياڭگاڭغا ئالاقىدار مەسىلە، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە، تەيۋەنگە ئالاقىدار مەسىلە قاتارلىق مەسىلىلەردىكى پرىنسىپال مەيدانىنى قەتئىي قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، بىرلىكىنى قوغدىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، كىشىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. مىسىر تەرەپ تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ مىسىرغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ ھەمكارلىشىشىنى قارشى ئالىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، مىسىر - جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىزچىل ئافرىقا ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشىنى قىممەتلىك مەدەت بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىمەن، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ۋاكسىنا ھەمكارلىقىنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئاچتى

# يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى بىرتۇتاش ئىگىلەش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى ليۇ يى خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكرى» ۋە «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ‹جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكرى›نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، «ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى يېزا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات» قاتارلىقلارنى ئاڭلاپ ئۆتتى، قاراپ چىقتى، ھازىرقى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار»غا ئالاقىدار نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكرى» پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتكە يەنە بىر قېتىم «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى، ئۇنى بىردەممۇ بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقى، جەزمەن چىڭ تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئېنىق سىگنال تارقاتتى. سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى بىرتۇتاش ئىگىلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكى، يېزا تارماقلىرى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەپ مۇقىملاشتۇرۇپ، يەنە مول ھوسۇل ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. «كۆكتات» مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشكە كۈچەپ كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق يېزا ئىگىلىكىدە مول ھوسۇل ئېلىشقا پۇختا ئاساس سېلىشى كېرەك.

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، پايدىدىن ياخشى پايدىلىنىش

# ئاپتونوم رايون پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى شى شىن خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىنىڭ 2021 - يىللىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش بويىچە 1 - قېتىملىق ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلىپ، پۈتۈن يىللىق نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، «بالدۇر بولۇش» گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىدا ياخشى باشلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ سۇشې يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشى تۇتۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدىكى جىددىي ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپە، شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئۇزاق مۇددەتلىك تەدبىر، ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سېلىنمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بېكىتكەن نىشان - ۋەزىپىلەرنى زىچ چۆرىدەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ تۈرلەرنى تېز قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى مۇھىم تىرەك بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەر، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار 2021 - يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات نىشانىنى چۆرىدەپ، تۈرلەرنى بالدۇر پىلانلاش، ئىشنى بالدۇر ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بالدۇر ئىش باشلاشقا چىڭ تۇتۇپ تۈرتكە بولۇشى؛ دىققەتنى ئاچقۇچلۇق تۈگۈن - نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىشى؛ ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇپ، سودىگەر چاقىرىش - مەبلەغ جەلپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى؛ تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشى؛ مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش مېخانىزمىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تۈر قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان خىزمەت بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، پۈتۈن يىللىق سېلىنما نىشانى - ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.